"ئەتىكى قۇياش" — ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى

دۆلەتنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

دۇنياۋى مەشهۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى



# رادىي ئانىسى

# — كيۇرى خانىم



مىللەتلەر نەشرىياتى

# رادىي ئانسى
## — كيۇرى خانىم

قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر: سۈي لى شياڭ يۈن جۈن ۋاڭ
يەن فاڭ جاڭ پىڭ

رەسىمنى سىزغۇچىلار: مياۋ ۋېي لۇ لېي ساۋ ئېرگاڭ
ليۇ جىڭ خېجيې ساۋ چاڭشو
ياڭ خوڭ لۇ شياۋ ۋاڭ جىڭ
چى شىن لۇ جىگې جاڭ يۇرۇڭ شياۋ مىڭ

بەت ياسىغۇچى: جىنشيۇ شېڭيى





### قىسقىچە مەزمۇنى

«دۇنياۋى مەشھۇر شەخسلەر مەجمۇئەسى» — ئىلىم-پەن، سىياسىي، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ھەم ئۆز كەسپىدە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى تاللاپ تونۇشتۇرغان يۇرۇشلۇك، كۆڭۈلدىكىدەك بالىلار ئوقۇشلۇقى.

بۇ كىتابلاردا مۇشۇ شەخسلەرنىڭ پارلاق ئىش-ئىزلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس كۈرەش قىلىش روھى نامايان قىلىنغان. بۇ تەرجىمىھاللارنى ئوقۇساق بىزنى بىلىمگە، ئىلھامغا ئىگە قىلىدۇ، مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابنىڭ سۈرەتلىرى نەپىس، تىلى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، ئوقۇشلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، كەڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ھەم يېقىن دوستى بولالايدۇ.

www.uyghurkitap.com



# ... كيۇرى خانىمنىڭ تەرجىمھالى ...


فرانسىيىلىك بۈيۈك فىزىكا، خىمىيە ئالىمى كيۇرى خانىم دۇنيادىكى بىردىن-بىر ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئايال ئالىم.

مارىيە كيۇرى 1867 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پولشانىڭ ۋارشاۋادا بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق دەۋرىنى مىللىي خورلىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، كىچىكىدىنلا ۋەتەن ئۈچۈن بىلىم ئېلىش ئىستىكىنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى، كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە ئەلا نەتىجىسى بىلەن پارىژدىكى سوربىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. بۇ يەردە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلىپ، فىزىكا ۋە ماتېماتىكىدىن ماگىستىرلىق قوش ئۇنۋانىنى ئالغان ھەمدە مېتاللارنىڭ ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى مۇستەقىل تەتقىق قىلغان. 1895 - يىلى فرانسىيىلىك تالانتلىق ئالىم پىيېر كيۇرى بىلەن توي قىلغان. كيۇرى ئەر-خوتۇنلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىلىم-پەننىڭ "ئېچىلمىغان سىرىغا قارشى ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى" قوزغاپ، ئىلگىرى-كېيىن رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنت پولونىي ۋە رادىينى بايقاپ، رادىئوئاكتىپلىق ھادىسىنىڭ سىرىنى ئاچقان. رادىينىڭ بايقىلىشى ئۇلارنى داۋېي ئالتۇن مۇكاپاتى ۋە نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتۈرگەن. لېكىن ئۇلار شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلمەي، ئابرۇي قوغلاشماي، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، ئىلىم-پەنگە ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناب تەبىئىتىنى نامايان قىلدى. پىيېر كيۇرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كيۇرى خانىم قايغۇ ھەسرەتتىن ئىلىم تەتقىقاتىنى تاشلىۋەتمەستىن، بەلكى تېخىمۇ جاسارەتكە تولۇپ ئىلگىرى-كېيىن «رادىئوئاكتىپلىق ھەققىدە ئومۇمىي مۇھاكىمە»، «رادىئوئاكتىپلىق ماددىلار تەتقىقاتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىپ، ئاتوم ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ تۆھپە قوشتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا، كيۇرى خانىم ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، رادىيدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىپ چىققان داۋالاش ئۇسۇلى — كيۇرى داۋالاش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ، يارىدارلارنى داۋالاپ، زور مېھرى-شەپقىتىنى ئىپادىلىگەن.

1934 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، كيۇرى خانىم قازا قىلغان. كىشىلەر ماتەم مۇراسىمىدا رادىي كۆيدۈرۈپ يىرىكلەشتۈرۈۋەتكەن بىر جۈپ قولنى كۆرۈدۇ، كېيىنكىلەر ئۇنى ئەڭ پاك، ئەڭ ئالىيجاناب بۈيۈك ئايال ئالىم دەپ تەرىپلەشكەن.


www.uyghurkitap.com

1 رادىي ــ بىرخىل رادىئوئاكتىپلىق خىمىيلىك ئېلېمېنت بولۇپ، ئۇنىڭ بايقىلىشى ئىنسانلارنىڭ ئاتومدىن پايدىلىنىشىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنى بايقىغان كىشى ئاتاقلىق ئايال ئالىم ــ مارىيە كيۇرى ئىدى.




2 مارىيە كيۇرى 1867- يىلى 11- ئاينىڭ 7- كۈنى پولشانىڭ ۋارشاۋادا تۇغۇلغان. ئاتا- ئانىسى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇ بەش بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى، ئۇ كىچىكىدىنلا ياخشى ئائىلە تەربىيىسى ئالغان.




www.uyghurkitap.com

3 4 ياشـلىق مارىيە دائىم دادىسـى بىلەن بىللە مەكتەپنىڭ فىزىكا تەجرىبىخانىسـىغا كېلەتتى، بۇ ئۇنى تەجرىبىخانىنىڭ ھەرخىل ئەسۋاب ـ ئۈسـكۈنىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ھەمدە فىزىكا تەجرىبىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر قىزىقىش قوزغىدى. مارىيە ئالتە ياشتا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى.




4 14 ياشـقا كىرگەندە رۇسـىيە چار پادىشاھى پولشانى ئىشـغال قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ بىر ئائىلە كىشـىلىرى قىيىنچىلىقتا تۇرمۇش كەچۈردى. پولشا ئوتتۇرا مەكتىپى قىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلمىغاچقا، مارىيە پارىژغا كېلىپ ئوقۇدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندە، ئۇ ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى.





www.uyghurkitap.com

5 تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مارىيە سەھرادىكى بىر باي ئائىلىدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ئاچىسىنىڭ پارىژدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىنى قامدىغاچ، داۋاملىق فىزىكا ۋە خىمىيە پەنلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەندى. ئۇ ئاياپ يەپ، تېجەپ ئىشلەتتى، بۇ يەنىلا پۇل يىغىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن ئىدى.



6 23 ياشقا كىرگەندە، مارىيە سەييارە ئالىي مەكتەپ تەجرىبىخانىسىغا كىلىپ ئىشلىدى ۋە ئۆگەندى، ئۇ بۇ يەردە كۆپلەپ فىزىكا تەجرىبىلىرىنى ئىشلىدى، بۇ ئەھمىيەتلىك كۆنلەر ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم-پەنگە بېغىشلىشىغا ئاساس سالدى.





7 1891-يىلى مارىيە پارىژغا كېلىپ، ئۇ يەردە دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان ئاچىسىدىن پاناھلىق ئىزدىدى، ھەمدە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي پەنلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇ ئاچىسىنى داۋاملىق ئاۋارە قىلىۋېرىشنى خالىماي، مەكتەپ يېنىدىن ئاددىيغىنا كىچىك بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى.

www.uyghurkitap.com





8 پۇل تېجەش ئۈچۈن، ئۇ ئاددىي ـ ساددا كىيىنىپ، كۆنلەپ كۆكتات يېمەيتتى، پەقەت بىر قانچە پارچە بولكا ۋە بىر ئىستاكان چاي بىلەنلا ئاچلىقىنى باساتتى، ئاندا ـ ساندا بىر تال تۇخۇم يەپ قوياتتى. ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەنلىكتىن ئۇ قان ئازلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.




www.uyghurkitap.com

9 مارىيەنىڭ ياتاق شــارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، يازدا بەك ئىســـــــق، قىشتا بەك ســوغۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئارتۇقچە يېپىنچىسى يوق بولۇپ، كەچلىكى ئامالسىز كىيىمى بىلەنلا ئۇخلاشقا مەجبۇر بولاتتى، بەزىدە ھەتتا ئورۇندۇقنى يوتقاننىڭ ئۈستىگە باستۇرۇۋېلىپ، ئېغىرلىقنى ئاشۇرۇش ئارقىلىقمۇ ئىسسىقلىق ساقلايتتى.



10 مارىيە ھەر قېتىملىق دەرستە بىرىنچى بولۇپ دەرسخانىغا كىرىپ، ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، دەرسنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇ ئىنتايىن قىزىقىپ ئۆگىنەتتى، شۇڭا ھەر قېتىم ئىمتىھان نەتىجىسى ئەلا چىقاتتى.




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

11 مارىيە 1894-يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بىرلا ۋاقىتتا فىزىكا ۋە خىمىيىدىن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالدى. 30 ئادەم قاتناشقان ماگىستىرلىق ئىمتىھانىدا، ئۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا پۈتۈن مەكتەپ بويىچە بىرىنچى ۋە ئىككىنچىلىكتىن ئىبارەت ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.




12 مارىيە تەجرىبخانا يوق، تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇرالماي بېشى قېتىۋاتقاندا، بىېر كىۆرى ئىسىملىك كىشى ئۇنىڭغا دوستلۇق قولىنى سۇندى، ئۇ تەجرىبىخانىسىنى مارىيەنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىپ، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.


www.uyghurkitap.com

13 گەرچە ئىنتايىن نامرات بولسىمۇ، لېكىن قەيسەر ھەم بىلىملىك ۋە پاراسەتلىك بولغان مارىيەگە بېيېر كيۇرى قايىل ئىدى. مارىيە بولسا بېيېرنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى ۋە بىلىمىنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئىككىيلەن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلىكتىن توي قىلدى. تويدىن كېيىن كىشىلەر مارىيەنى كيۇرى خانىم دەپ ئاتاشتى.




14 ئىككى يىلدىن كېيىن كيۇرى خانىم پولات ـ تۆمۈرنىڭ ماگنىتلىقى توغرىســـدىكى تەتقىقاتىنى تاماملىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ چوڭ قىزى ئىرېنا تۇغۇلدى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ قىزىنىڭمۇ 30 يىلدىن كېيىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى بولۇپ قىلىشنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

15 كيۇرى ئەر-خوتۇنلار سوغۇق ھەم كونا تەجرىبخانىدا نەچچە ئاي ھەپىلىشىپ، ئاخىر رادىئوئاكتىپلىقى ئۇرانىڭ 400 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كېتىدىغان يېڭى ئېلېمېنتنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا پولونىي دەپ نام قويدى. بۇ كيۇرى ئەر-خوتۇنلارنىڭ فىزىكا ساھەسىگە قويۇپ بەرگەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر بومبىسى بولۇپ قالدى.





16 1898-يىلىنىڭ ئاخىرىدا كيۇرى ئەر-خوتۇنلار ئۇلار «رادىي» دەپ نام قويغان يەنە بىر يېڭى ئېلېمېنتنى بايقىدى، ئۇنىڭ رادىئوئاكتىپلىقى ئۇراننىڭكىدىن 2 مىليون ھەسسىدىن كۆپرەك كۈچلۈك! خىمىيىلىك ئېلېمېنتلار خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئاتوم پارچىلانمايدۇ دېگەن نەزەرىيىلەر ئىنكار قىلىندى.




17 كيۇرى ئەر-خوتۇنلارنىڭ نەتىجىسى پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى. 1903-يىلى ئۇلار بېكلېر بىلەن بىللە نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئىككىنچى يىلى ئۇلار پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىقىغا ۋە تەجرىبىخانا مەسئۇللۇقىغا تەكلىپ قىلىندى.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




18 1906-يىلى پىيېر كيۇرى يامغۇردا ئۆيگە قايتىۋاتقاندا، يولدا ئېغىر يۈك بېسىلغان بىر ئات هارۋىسى سوقۇۋېتىپ، بەختكە قارشى قازا قىلدى. كيۇرى خانىم قاتتىق ئازابلاندى، لېكىن بۇ زەربىگە يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن چىدىدى.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

19 شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ڤېيناتىسىنى بېقىش، باللىرىنى تەربىيلەشتىن ئىبارەت ئېغىر ئائىلە يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە يولدىشىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەپ، پارىژ ئۇنىۋېرستېتىدا تارىختىن بۇيانقى تۇنجى ئايال پروفېسسور بولۇپ قالدى. ئۇ سۆزلىگەن دەرس ۋە تەربىيلىگەن ئاسپىرانتلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ئىدى.





20 1910 - يىلى كيۇرى خانىم «رادىئوئاكتىپلىق ھەققىدە مۇھاكىمە»نى نەشــر قىلغاندىن كېيىن، يەنە باشــقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ مېتــال رادىينى تاۋلاپ چىقتى، ھەمدە يەنە بىر قېتىم نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشــتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى، ھېچكىم ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ باقمىغان ئىدى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

21 ئامېرىكىلىق بىر ئايال مۇخبىر كيۇرى خانىمدىن، سىزگە نېمە كېرەك؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: "ماڭا تەجرىبە ئىشلەشكە بىر گرام رادىي كېرەك." دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ئىش ئامېرىكىدا جامائەتچىلىكتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان، خاردىڭ زۇڭتۇڭ كيۇرى خانىمنى ئامېرىكىغا بېرىشقا تەكلىپ قىلغان ۋە ئامېرىكا خەلقىگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا بىر گرام رادىي سوۋغا قىلغان.




22 كيۇرى خانىم ئۆزۈن مەزگىل رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنتلار بىلەن ئۇچراشقاچقا ئاق قان كېسىلى قاتارلىق نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ، 67 يېشىدا يامان سۈپەتلىك قان ئازلىق كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. كىشىلەر ئۇنى پارىژ ئەتراپىدىكى بىيىر كيۇرىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلغان. كىشىلەر بۇ بۈيۈك ئايال ئالىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

图书在版编目（CIP）数据

居里夫人：维吾尔文/随力等编；缪维等绘；沙塔尔・沙拉木译. —北京：民族出版社，2008.6
（托起明天的太阳. 世界杰出人物丛书）
ISBN 978-7-105-09378-6

Ⅰ.居… Ⅱ.①随…②缪…③沙… Ⅲ.居里夫人，M.（1867~1934）—生平事迹—少年读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K835.656.13-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第083673号

本书根据农村读物出版社2004年1月第1次印刷版本翻译出版

بۇ كىتاب جۇڭگو يېزا ئوقۇشلۇقلىرى نەشرىياتىنىڭ 2004-يىل 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

翻　　译：沙塔尔・沙拉木
责任编辑
责任校对：卡哈尔・普拉提
制　　作：沙塔尔・沙拉木

تەرجىمە قىلغۇچى : ساتتار سالام
مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كورركتور : قاھار پولات
بەتچىك : ساتتار سالام

出版发行：民族出版社
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010-64290862
邮　　编：100013
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
经　　销：各地新华书店
开　　本：889毫米×1194毫米　1/24　印张：1
版　　次：2008年6月第1版
　　　　　2008年6月第1次印刷
印　　数：0001—3000册
书　　号：ISBN 978-7-105-09378-6/K.1408（维40）
定　　价：5.00元

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010-64290862
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى : 2008يىل 6-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 889×1194 م م. 24 كەسلەم باسما تاۋىقى 1
سانى : 0001-3000
باھاسى : 5.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

翻　　译：沙塔尔 · 沙拉木
责任编辑：卡哈尔 · 普拉提
责任校对：卡哈尔 · 普拉提

ئىرادىسىز ئادەم ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا چىقىرالمايدۇ.

—— كيۇرى خانىم











ISBN 978-7-105-09378-6
定价：5.00元